# كۈچ ئۇلاپ ئىلگىرىلەش ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنىڭ تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىغا تۈرتكە بولدى

## —— پارتىيە 18 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنىڭ ئالتە يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

(بېشى 1 ـ بەتتە)

بۇ ئالتە يىلدا، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا تۈزۈلمە خاراكتېرلىك چوڭقۇر قاتلاملىق توسالغۇلارنى يېڭىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، مېخانىزم خاراكتېرلىك توسۇلۇش مەسىلىسىنى يېڭىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، پۇقرالارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلاردىن باشلاپ تۈزىتىشكە ئەھمىيەت بېرىلىپ، زور بىر تۈركۈم ئىشنى مۇقىملاشتۇرۇش، ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈش، قۇرۇلمىنى تەڭشەش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، خەۋپ ـ خەتەردىن مۇداپىئەلىنىشكە پايدىلىق بولغان ئىسلاھاتلار ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ يولغا قويۇلدى، زور بىر تۈركۈم ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشتىكى قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىدە بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، زور بىر تۈركۈم ئىسلاھاتتا يېڭىلىق يارىتىش نەتىجىلىرى قانۇن ۋە تۈزۈم چىقىرىش ئارقىلىق بېكىتىلىپ، ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى سىجىل ئېشىپ، ئىسلاھات نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئۈزلۈكسىز گەۋدىلىنىپ، ھەر تەرەپلەردىكى تۈزۈملەر تېخىمۇ پىششىپ يېتىلدى، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇلدى.

ئىرادە مىسلىسىز بولدى، سالماق مىسلىسىز بولدى، نەتىجە ـ ئۈنۈم مىسلىسىز بولدى. يېڭى تارىخىي پەللىدە تۇرغىنىمىزدا، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم، زور ئەھمىيىتى تېخىمۇ گەۋدىلەندى.

**ئىسلاھاتنى سىستېمىلىق، بىر پۈتۈن گەۋدە بويىچە لايىھەلەش، ئالغا سىلجىتىشتا ئىپادىلەندى ——**

ئىسلاھات چوڭقۇر سۇ رايونىغا كىردى، چېتىشلىق مەسىلىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ساھەسىنىڭ كەڭلىكى، زىددىيەتلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى مىسلىسىز بولۇپ، بىرقانچە تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرىگە تايىنىپ، ئاز ـ تولا چېكىپ قويۇش بىلەنلا ئىش ئاقمايدۇ.

ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش قوزغىتىلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ مەيدان يېڭى دەۋردىكى ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشكە ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدىغان يېڭى يۈكسەكلىكنى بېكىتىپ مۇنداق دېدى: «ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما، قانداقتۇر مەلۇم ساھە ياكى مەلۇم تەرەپنىڭ يەككە ئىسلاھاتى ئەمەس.» «يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەش ۋە پۈتۈن گەۋدە بويىچە پىلانلاشنى كۈچەيتىش، تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنىڭ باغلىنىشچانلىقى، سىستېمىلىق، مۇمكىنچىلىك تەتقىقاتىنى كۈچەيتىشكە توغرا كېلىدۇ».

لايىھەلەش ئىدىيەسى جەھەتتە، «پارچە ـ پۇرات بولۇپ قېلىش»نىڭ ئالدى ئېلىندى. ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا تاغدا مەسىلە بولسا تاغنىلا تۈزەش، سۇدا مەسىلە بولسا سۇنىلا تۈزەش، ئاسمانغا بېقىپ بۇلغىنىشنى تىزگىنلەشتىن ئىبارەت كونا پىكىر يولىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشتىن باشلاپ قول سېلىپ، تۈزۈمنىڭ «ئاساسىي قۇرۇلمىسى»نى بەرپا قىلىش ئارقىلىق، مەنبەدىن باشلاپ قاتتىق ئالدىنى ئالىدىغان، جەريانىنى قاتتىق باشقۇرىدىغان، ئاقىۋىتىنى قاتتىق جازالايدىغان ئىدارە قىلىش سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈلدى.

سىياسەتنى يۈرۈشلەشتۈرۈش جەھەتتە، «بىرىكمە مۇشت» ماھىرلىق بىلەن ئېتىلدى. يېزا يەر تۈزۈمى ئىسلاھاتىدا، «ئۈچ ھوقۇقنى ئايرىش» ئىسلاھاتى باشلامچى قىلىنىپ، يېزا يېرىنى ئېلىش، كوللېكتىپنىڭ تىجارەت خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش يېرىنى بازارغا سېلىش، ئۆيلۈك يەر تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش قاتارلىق كۆپ تۈرلۈك تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، جۇڭگو يېزىلىرىنىڭ غايەت زور ھاياتىي كۈچى يەنە بىر قېتىم قويۇپ بېرىلدى.

تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەريانىدا، «ئون بارماقنىڭ ھەممىسىدە پىيانىنو چېلىش»نى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قانۇن يۈرگۈزۈشتىكى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى ئىسلاھاتى، ئىشتات تۈزۈمى ئىسلاھاتىنىڭ ھالقىلىرى ئۆزئارا ئۇلىنىپ، «قانۇن تورىنى كەڭ يېيىش، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىق»قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىندى. بىلىم قىممىتىنى ئاشۇرۇشنى يۆنىلىش قىلغان تەقسىمات سىياسىتى پەن ـ تېخنىكا نەتىجىلىرىنى ئايلاندۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرىدىغان سىياسەت ـ تەدبىرلەر بىلەن ئۆزئارا ماسلىشىپ، بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈپ، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتىن ئىبارەت بۇ باش نىشانغا ئورتاق يۈزلەندى.

تولۇق جىپسىلىشىپ، ئۆزئارا باغلاندى، ئالتە يىلدىن بۇيان، تۈرلۈك ئىسلاھاتلار ماس ئالغا سىلجىتىلىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، «1+1 ئىككىدىن چوڭ» بولۇشتەك «خىمىيەلىك رېئاكسىيە ئۈنۈمى» ئۈزلۈكسىز پەيدا قىلىنماقتا.

**«قالدۇرۇش» بىلەن «تۇرغۇزۇش»نىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا ئىپادىلەندى ——**

باش نىشان بېكىتىلىپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش باشلىنىشىدىن تارتىپلا «يۆنىلىشى بار، مەيدانى بار، پرىنسىپى بار» دەپ ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك، «بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان ئىسلاھات، ھەم بىكىنمە، قاتمال كونا يولدا ماڭمايمىز، شۇنداقلا بايراق ئالماشتۇرىدىغان قىڭغىر يولدا ماڭمايمىز».

ئالتە يىلدىن بۇيان، بىز نېمىنى ئىسلاھ قىلىش، قانداق ئىسلاھ قىلىشتا جەزمەن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشقا ئۇيغۇن كېلىش ـ كەلمەسلىكنى تۈپ ئۆلچەم قىلىشتا چىڭ تۇردۇق.

پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، بىز پارتىيەنىڭ ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى خىزمەتلەرگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويدۇق؛ بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، بىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىدا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇردۇق؛ تەبىئىي بايلىقنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، بىز تەبىئىي بايلىق دۆلەتنى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ خاراكتېرىنى قەتئىي ئۆزگەرتمەسلىكتە چىڭ تۇردۇق... يول، نەزەرىيە، تۈزۈم قاتارلىقلارغا چېتىلىدىغان تۈپ خاراكتېرلىك مەسىلىلەردە «ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك بولمىغانلىرىنى، ئۆزگەرتىشكە بولمايدىغانلىرىنى قەتئىي ئۆزگەرتمىدۇق».

شۇنىڭ بىلەن بىللە، نوپۇس تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى قەتئىي قانات يايدۇرۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنى ئىككى مەنبەلىك دۇنيا قىلىپ پارچىلاۋەتكەن قاتتىق مۇزنى چېقىپ تاشلىدۇق؛ دۆلەت بېجى، يەرلىك باج ئېلىش ـ باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، 24 يىلغا سوزۇلغان دۆلەت بېجى، يەرلىك باجنى ئايرىم تەسىس قىلىش ئەندىزىسى رەسمىي تارىخقا ئايلاندى؛ دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە ئىسلاھاتىدا كەسكىن بولۇپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيەنىڭ بىر پۈتۈنلۈكى، ئىنقىلابىيلىقىنى قايتا يارىتىش ئىشقا ئاشۇرۇلدى... ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى بوغۇپ قويغان، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ يۈكسىلىشىنى چەكلەپ قويغان تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارغا قارىتا «ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىكلىرىنى، ئۆزگەرتىشكە بولىدىغانلىرىنى بىز قەتئىي ئۆزگەرتتۇق».

**ئىسلاھات بىلەن قانۇنچىلىقنىڭ ياخشى ھەمتۈرتكە بولۇشىدا ئىپادىلەندى ——**

خۇددى قۇشنىڭ ئىككى قانىتى، ھارۋىنىڭ ئىككى چاقى بولغاندەك ئىسلاھات دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان ئىتتىرگۈچ، قانۇنچىلىق بولسا ئىسلاھات بىلەن يۈرۈشلەشتۈرۈلگەن مۇقىملاشتۇرغۇچ بولۇپ، ئىككىسى بىر ـ بىرىنى تولۇقلايدۇ، بىر ـ بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«مۇھىم، زور ئىسلاھاتلارنىڭ ھەممىسىدە قانۇنىي ئاساس بولۇش كېرەك»، ئىسلاھات ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئۇنى ئالغا سىلجىتىشنى قانۇنچىلىق رامكىسى ئىچىدە يولغا قويۇش كېرەك. 2018 ـ يىلى، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى قانۇن ـ نىزام بويىچە ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، قانۇندا بەلگىلەنگەن مەمۇرىي ئورگانلارنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى ۋە خىزمىتىنى سىلىق، تەرتىپلىك تەڭشەپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئالاقىدار قارار چىقىرىپ، چېتىلىدىغان قانۇن ـ نىزام مەسىلىلىرىنى ۋاقتىدا ئايدىڭلاشتۇردى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپارات ئىسلاھاتىغا چېتىلىدىغان پارتىيە ئىچىدىكى نىزام ۋە ئالاقىدار ھۆججەتلەرنى مەخسۇس تۈردە ئېنىقلاشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۈچ پارچىسىنى بىكار قىلىپ، 35 پارچىسىگە تۈزىتىش كىرگۈزدى.

ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات قەدىمى نەگە يېتىپ بارسا، قانۇن چىقىرىشمۇ شۇ يەرگە ئەگىشىپ بېرىشى كېرەك. ئىسلاھاتقا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان قانۇن ـ نىزاملارنى ۋاقتىدا تەڭشەپ تۈزىتىش كېرەك. خەلقنىڭ ئېھتىياجىغا جاۋاب قايتۇرۇش، ئۆيلىنىش، تۇرالغۇ، شەخسىي سىر، توختام... ھەق تەلەپ قانۇنى ئومۇمىي قائىدىسىنى تۈزۈشتىن ھەق تەلەپ قانۇنى كودېكسىنىڭ ھەرقايسى تارماق لايىھەلىرىنى قاراپ چىقىشقىچە، «ھەق تەلەپ قانۇن كودېكسى دەۋرى» بىزگە قاراپ كەلمەكتە؛ جەمئىيەت كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب قايتۇرۇپ، مۇھىت ئاسراش قانۇنى، ئاتموسفېرا بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ، تۇپراق بۇلغىنىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تىزگىنلەش قانۇنىنى چىقىرىپ، «يۈرەك، ئۆپكە ئاغرىقى»نى ھەل قىلىپ، كۆك ئاسمان، سۈزۈك سۇ، پاكىز تۇپراقنى قوغداش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشتۇق.

قولۋاقنىڭ پالاقلىرى ماسلاشسا، سۇدا يۈرەلەيدۇ. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش بىلەن دۆلەتنى ئومۇميۈزلۈك قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش تەڭ ئىلگىرىلىتىلىپ، قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى ئوڭۇشلۇق قانات يايدۇرۇلۇپ، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ھاياتىي كۈچكە تولغان، شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئىگە قانۇنچىل جۇڭگونى ئورتاق قۇرۇشقا رىغبەتلەندۈرمەكتە.

**جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلىشتا ئىپادىلەندى ——**

«پۇقرالار نېمىگە كۆڭۈل بۆلسە، نېمىنى ئارزۇ قىلسا، ئىسلاھاتتا شۇنى تۇتۇش، شۇنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك، ئىسلاھات ئارقىلىق خەلق ئاممىسىغا تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئېلىپ كېلىش كېرەك.» ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، جەمئىيەتنىڭ ئادىللىقى ۋە ھەققانىيلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، خەلقنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئاشۇرۇشنى چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى نۇقتىسى قىلىش كېرەك.

خەلقنىڭ سادالىرىغا ئىسلاھاتتا جاۋاب قايتۇرۇلدى.

2015 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئومۇميۈزلۈك ئىككى پەرزەنتلىك بولۇش سىياسىتى يولغا قويۇلدى، شۇنىڭدىن كېيىنكى ئۈچ يىلدا مەملىكەت بويىچە 20 مىليوندىن ئارتۇق «ئىككىنچى پەرزەنت» تۇغۇلدى؛ يېڭى شەخسلەر تاپاۋەت بېجى قانۇنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇلۇپ، 2019 ـ يىلى پۈتۈن بىر يىلدا 300 مىليارد يۈەن باج كېمەيتىش مۆلچەرلەندى؛ مائارىپ ئىسلاھاتى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى 92.7% تىن ئارتۇق ناھىيە مەجبۇرىيەت مائارىپىنى ئاساسىي جەھەتتىن تەكشى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇردى... يېڭى دەۋر ئىسلاھاتىنىڭ بۈيۈك ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى داۋامىدا، خەلقنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى ئىسلاھاتنىڭ قىممىتى ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلاھات خەلق ئۈچۈن، ئىسلاھات خەلققە تايىنىدۇ. بېيجىڭنىڭ «كوچا، يېزىلاردا پۈشتەك چېلىش، تارماقلار ئۆزىنى مەلۇم قىلىش» ئىسلاھاتى، جېجياڭنىڭ «ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش» ئىسلاھاتى، فۇجيەننىڭ سەنمىڭ ئۇنىۋېرسال داۋالاش ئىسلاھاتى... ئالتە يىلدىن بۇيان، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادكارلىق روھىنى ئۇرغۇتۇشقا ئەھمىيەت بېرىلدى، جايلار ئۆز ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈپ دادىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، بىر قاتار ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تۈزۈم، تەدبىرلەرنى ئىزدىنىپ تېپىپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن مول تەجرىبىلەرنى توپلىدى، نۇرغۇنلىرى پۈتۈن مەملىكەتكە كېڭەيتىلدى.

خەلق ئىسلاھاتنىڭ تايانچى. ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش داۋامىدا، خەلقنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قىممىتى پارلىدى، «ھەممە كىشى قاتنىشىش، ھەممە كىشى كۈچ چىقىرىش، ھەممە كىشى بەھرىلىنىش» جەمئىيەتنىڭ ئەڭ چوڭ ئورتاقلىقى بولۇپ قالدى.

**ئىسلاھاتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ، تۈزۈم ئەۋزەللىكىنى ئۈزلۈكسىز ئىدارە قىلىش ئۈنۈمىگە ئايلاندۇرۇشتا ئىپادىلەندى ——**

تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچى ئىجرا قىلىشتا. ھەرقانچە ياخشى تۈزۈم لايىھەسى بولسىمۇ، ئەگەر ئەمەلىيلىشىپ يىلتىز تارتمىسا، قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ؛ ھەرقانچە ياخشى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى بولسىمۇ، ئەگەر ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىغا ئايلاندۇرغىلى بولمىسا، بىزەككە ئايلىنىپ قالىدۇ.

ئالتە يىلدىن بۇيان، ھەيۋەتلىك ئىسلاھات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ھەر تەرەپلىمە ئىدارە قىلىشتىكى ئىسلاھات ئەمەلىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، بىز يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە، كۈچلۈك قوماندانلىق قىلىدىغان ئىسلاھات رەھبەرلىك سىستېمىسىنى بەرپا قىلدۇق. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم ئىسلاھات خىزمىتىنى مەخسۇس باشقۇرىدىغان رەھبەرلىك ئاپپاراتى مەركىزىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەسىس قىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى گۇرۇپپا باشلىقى بولدى، مەركىزىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدىن مەركىزىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىغىچە ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 50 قېتىم يىغىن ئېچىپ، 500دىن ئارتۇق ئىسلاھات ھۆججىتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى، ھەرقايسى تەرەپلەر 2000دىن ئارتۇق ئىسلاھات لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «بىرىنچى قول رەھبەر» ئۆزى ئىسلاھاتنى تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ قاتلاممۇقاتلام ئەمەلىيلىشىشىگە، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىلىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ «ھەم ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرگۈچى، ھەم ئىسلاھاتتا ئەمەلىي ئىشلىگۈچىلەردىن بولۇشى»غا تۈرتكە بولۇش ئۈچۈن، باش شۇجى شى جىنپىڭ باشلامچىلىق بىلەن ئۈلگە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئۆزى پىلانلاپ، ئۆزى ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئالغا سىلجىتىشتا بوشاشماي كۈرەش قىلىپ، ئىشتا نەتىجە قازىنىشقا ماھىر بولۇشنى باشتىن ـ ئاخىر تەكىتلىدى، «ئەمەلىيلەشتۈرۈش» باشتىن ـ ئاخىر مەركىزىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ۋە مەركىزىي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتى يىغىنىنىڭ خەۋەرلىرىدىكى ئەڭ كۆپ تىلغا ئېلىنىدىغان سۆز بولۇپ كەلدى. ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «بىر قېتىمدىلا ئۈزۈل ـ كېسىل تامامىلاش»تا چىڭ تۇرۇپ، ئىسلاھاتتىكى خاتالىقنى سىغدۇرۇش مېخانىزمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ئىسلاھاتنى ئويلايدىغان، ئىسلاھاتنى پىلانلايدىغان، ئىسلاھاتقا ماھىر بولغان قويۇق كەيپىيات ياراتتى.

مېخانىزم جەھەتتىن ئىسلاھات تەدبىرلىرىنىڭ تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ھەقىقىي تۈرتكە بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈستۈرۈش ئۈچۈن، بىز ئىسلاھاتنى نازارەت قىلىش، باھالاش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ كۆپ خىل مېخانىزمى توغرىسىدا ئىزدىنىپ، «ئىسلاھات نەگىچە ئالغا سىلجىتىلسا، نازارەت قىلىش شۇ يەرگىچە ئەگىشىپ يېتىپ بېرىش»تا چىڭ تۇرۇپ، «ئۈچىنى نازارەت قىلىش، ئۈچىنى تەكشۈرۈش»نى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئىسلاھاتنى باھالاش خىزمىتىنى كۈچەيتىشكە ئەھمىيەت بېرىپ، شەكىللەنگەن تەجرىبىلەرنى دەل ۋاقتىدا يەكۈنلەپ، كېڭەيتىپ، بايقالغان مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىپ، ئىسلاھاتنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى تەرتىپكە سېلىشنى مەركەزلىك قانات يايدۇردۇق... بىر قاتار تەدبىرلەر مەركەزلىك كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ئىسلاھات ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە كۈچ قوشۇپ، تۈزۈم تەرەققىياتىنى ئۈزلۈكسىز ئىدارە قىلىش ئۈنۈم ئېففېكتىغا ئايلاندۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

تارىخنىڭ يېڭى بىر بېتى ئېچىلدى، ئىسلاھات قەدىمى ئەمەلدىن توختاپ قالمىدى.

بىز نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق، لېكىن يەنە يېڭىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن قاتتىق قىيىنچىلىقلار بار، بىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا ھۇجۇم قىلدۇق، لېكىن يەنە ھۇجۇم قىلىدىغان نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەللەر بار، بىز ھەرگىز قەدەممىزنى توختاتماسلىقىمىز، تىنىۋېلىش، ئارام ئېلىۋېلىش ئويىدا بولماسلىقىمىز كېرەك.

ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىدا ئىسلاھات ئىشلىرىغا يېڭىدىن ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى.

«ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشتا، ھەم جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ۋە دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنىڭ مۇقىملىقى ۋە سىجىللىقىنى ساقلاش، شۇنداقلا دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشى جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان تۈزۈملەرنى، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان يېڭى ئارزۇسىنى قاندۇرۇشتا زۆرۈر بولغان تۈزۈملەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئۆزىنى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈشى ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك».

ئومۇمىي يىغىندا يەنە 200دىن ئارتۇق مۇھىم، زور تەدبىر ئوتتۇرىغا قويۇلدى، تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇش، ھەرقايسى ساھە، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈلمە ـ مېخانىزم ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى تۈزۈملەرنى تېخىمۇ پىششىپ يېتىلدۈرۈش، تېخىمۇ تۇراقلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش تەلەپ قىلىندى.

بۇرغا چېلىندى، يېڭى مۇساپە كۆز ئالدىمىزدا.

مەۋقەنى ئالتە يىلدا ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا توپلانغان مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرگە، مۇجەسسەملەنگەن كەڭ دائىرىلىك ئورتاق تونۇشقا قويۇپ، پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ھەيۋەتلىك شەرق شاملىدىن پايدىلىنىپ، ئىسلاھات يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىپ يەنە يولغا چىقايلى!

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

# قەشقەر شەھىرى: شۇ دەرىجىلىكنى تۇتتى، تۆۋەن دەرىجىلىكنى تۇتتى ئەمەلىي ئىش قىلىپ ئەل قەلبىنى ئىللىتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قەشقەر شەھەرلىك پارتكوم تەڭ دەرىجىلىك ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى باش تېما تەربىيەسىنى ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر قىلىپ، ئۆز زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەت، ۋەزىپىلەرنى چىڭ ئىگىلەپ، خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى رەتلەپ، ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تۇتتى؛ قەشقەر شەھىرىنىڭ تۆت بەنزە ئەزالىرى ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزى مەسئۇل ساھە، ھۆددە ئېلىپ ئالاقىلىشىدىغان يېزا ـ بازارلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، خىزمەتلەرگە يېتەكچىلىك قىلىپ تۈرتكە بولدى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى شۇجىلىرىنىڭ بىرىنچى جاۋابكارلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى؛ قەشقەر شەھىرىدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ شۇجىلىرى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسىلە تىزىملىكى تۇرغۇزۇپ، تۈرلەشتۈرۈپ يۈرۈشتۈرۈش، تىزىملىك شەكلىدە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، بىر ـ بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئالغا سىلجىتتى.

قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى گېڭ ۋېنكې تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەسئۇلىيەت سۇبيېكتىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، سۈرئەت ۋە ۋاقىت چەكلىمىسىنى بېكىتىش قاتارلىق يۈرۈشلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق، قەشقەر شەھىرىدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 17 مىڭ 939 ئائىلىدىكى 73 مىڭ 315 كىشى مۇقىم ھالدا «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش تەلىپىگە يەتتى، 82 نامرات كەنت ۋە 67 نامرات ئەمەس كەنتنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش شەرتىگە يەتكۈزۈپ، پۈتۈن شەھەرنىڭ نامراتلىق قالپىقىنى ئومۇميۈزلۈك تاشلاش ئاساسى ھازىرلاندى.

ئاممىنىڭ مەنپەئەتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش مەسىلىسىنى داۋاملىق تۈزەشنى چۆرىدەپ، قەشقەر شەھىرى مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبىرى باش مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىپ، يۇقىرى ـ تۆۋەن بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىپ تۈزىتىشنى چىڭ تۇتتى. ھازىرغىچە، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئالاقىدار تارماقلارنى باشلاپ 112 ئولتۇراق رايونغا چوڭقۇر چۆكۈپ، نەق مەيداندا ئىش بېجىرىپ، ئاھالىلەرنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان 154 مەسىلىنى ھەل قىلدى.

ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان بەزى ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدا ساقلىنىۋاتقان مۇھىت تازىلىقى ناچار بولۇش، مۈلۈك باشقۇرۇش جايىدا ئەمەلىيلەشمەسلىك قاتارلىق مەسىلىلەرگە قارىتا، قەشقەر شەھىرى ئولتۇراق رايونىنىڭ مۈلۈك باشقۇرۇشنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى قۇرۇپ، كۆپ قېتىم نەق مەيدان ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىپ، ئولتۇراق رايونلارنىڭ مۇھىت تازىلىقىنى مەخسۇس تۈزەشنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتتى، ھازىر ئولتۇراق رايونلارنىڭ مۇھىت تازىلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.

قەشقەر شەھىرىدىكى سۇچىلىق گۈللۈكى ئولتۇراق رايونى تۈزەيدىغان ئولتۇراق رايونلارنىڭ بىرى. بۇ ئولتۇراق رايون قەشقەر دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسى بولۇپ، باش تېما تەربىيەسىدە، قەشقەر دەرياسى ئېقىن رايونىنى باشقۇرۇش ئىدارىسى ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 400 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك مەبلەغ سېلىپ تۈزەش خىزمىتىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئولتۇراق رايوننىڭ «مەينەت، قالايمىقان، ناچار بولۇش»تەك ھالىتىنى ئۆزگەرتتى.

«ئىلگىرى بىزنىڭ بۇ كونا ئولتۇراق رايونىمىزدا قالايمىقان دۆۋىلەپ قويىدىغان، قالايمىقان قويىدىغان، قالايمىقان توختىتىدىغان ئەھۋال ئېغىر بولۇپ، ئاھالىلەرنىڭ سىرتقا چىقىشى ئىنتايىن قولايسىز ئىدى، ئولتۇراق رايوننىڭ مۇھىتىمۇ ناچار ئىدى. ھازىر ئولتۇراق رايون پاكىز بولدى، كىچىك گۈللۈكمۇ ئىلگىرىكىدىن چىرايلىق بولۇپ كەتتى»، دېدى 11 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى قەشقەر شەھىرىدىكى سۇچىلىق گۈللۈكى ئولتۇراق رايونىنىڭ ئاھالىسى شېن جىنخې خۇشال ھالدا.

دىققەتنى ئامما ئىش بېجىرىش جەريانىدا ئىنكاس قىلغان قىيىن نۇقتا، قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىگە مەركەزلەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھەرلىك مەمۇرىي تەستىق ئىدارىسى چوڭقۇر تەكشۈرۈپ ـ كۆزىتىپ تەھلىل قىلىپ، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، يەنەمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەمۇرىي تەستىق تۈرلىرىنى ئەلالاشتۇردى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئۆي ـ زېمىن تەرەققىياتىنىڭ ئۈچ تۈرلۈك ئالدىنقى باسقۇچلۇق رەسمىيىتىنى بېجىرىش ۋاقتى تۆت ـ بەش ئايدىن بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتقا قىسقارتىلىپ، كەسىپ بېجىرىش ئۈنۈمى زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈلدى.

«بىز ‹ئەڭ كۆپ بولغاندا بىر قېتىم قاتراش› ئىسلاھاتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ خىزمەتتىكى تۇسالغۇلارنى راۋانلاشتۇردۇق. دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ ئۆزگەرتىدىغان مەسىلىدىن جەمئىي ئونى بېكىتىپ، سەككىزىنى تۈزىتىپ بولدۇق» دېدى قەشقەر شەھەرلىك مەمۇرىي تەستىق ئىدارىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى لى شيەن .

**(مۇخبىرلىرىمىز پەرىزات ئابدۇل، شيا چىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز ۋاڭ جىڭخېڭ، ليۇ جىچياڭ يازغان)**

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)